□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

يالغان ـ ياۋىداق سۆز ھامان يالغان ـ ياۋىداق سۆز   ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە

□ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەخمۇت ئابدۇۋەلى

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە، «ئاخىرقى كۈنىدىكى غالجىرلىق» ئويۇنىنى ئويناپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي يوقىتىش» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» ئۆتكۈزدى دەپ بوھتان چاپلىدى. بۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىمەنە سەپسەتىگە تولغان بولۇپ، قىلچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، مۇقەررەر تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

يالغان ـ ياۋىداق سۆز خۇدۇكسىرىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. پومپېئو جۇڭگوغا قارا بەلگە چاپلاش، قالپاق كىيگۈزۈش ئۈچۈن ھەرقانداق شەرمەندىچىلىكتىن يانمىدى. يالغان ـ ياۋىداق سۆز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ پاكىتنى ئىنكار قىلالمايدۇ، پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستى شىنجاڭنى مۇقىم قىلىپ خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان سىياسەت، «ئىرقىي يوقىتىش» دېگەن يالغان ـ ياۋىداق سۆز بىمەنە سەپسەتە بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ رەزىل غەرىزىنى ئاشكارىلىدى. پومپېئو ئەخلاق تۈۋەن چېكى ۋە خەلقئارا قانۇن تۈۋەن چېكىدىن قايتا ـ قايتا بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئېغىر دەرىجىدە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەردى. پومپېئو جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزاننى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. بىر ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

پومپېئو شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى، ئەكسىچە پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ھەققانىي تەدبىرىگە تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېگىنى ھېساب، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرىنىڭ بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەيىبلەش سالاھىيىتى يوق.

ھەقىقەتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. مەن ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان تارىخ ئىلمى مۇتەخەسسىسى. مەن كوئېنلۇن تېغى ئېتىكىدىكى چەت ـ ياقىغا جايلاشقان بىر كىچىك ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئائىلىمىزدىكى بەش پەرزەنتنىڭ ھەممىسى داشۆدە ئوقۇدۇق. مەن داشۆدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، بىر پۇڭمۇ ئوقۇش پۇلى، ياتاق پۇلى تاپشۇرمايتتىم، بەلكى ھەر ئايدا يەنە يېتەرلىك تاماق ياردەم تولۇقلىمىسى ئالاتتىم. داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەن زىيالىيلار يۈكسەك مەركەزلەشكەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە كېلىپ خىزمەت قىلدىم.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، مەن بەختكە يارىشا دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام تالانت ئىختىساسلىقلار پىلانىغا كىرگۈزۈلدۈم ھەم دۆلەت چەت ئەلدە ئوقۇش فوندى كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىپ، زىيارەتچى مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە كانادا برىتانى كولۇمبىيە داشۆسى ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىدە بىر يىل ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىشتە بولدۇم. بۇ مەزگىلدە، ئىدارە مائاشىمنى ۋاقتىدا تولۇق سوممىسى بىلەن تارقىتىپ بەردى، يەنە مەن ھەر ئايدا جۇڭگونىڭ كانادادىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ بەلگىلىك تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشتىم. شۇ يىلدىكى دۆلەت بايرىمىدا، مەن ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقانلار خور ئۆمىكىنىڭ ۋەتەننى كۈيلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئىختىيارسىز قەلبىم ھاياجانغا تولۇپ، كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى. مەن ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم، شۇنداقلا «دۆلەت بولمىسا، ئائىلە نەدە تۇرۇپتۇ» دېگەن چىن ھېسسىياتنى تېخىمۇ چىن قەلبىمدىن ئېتىراپ قىلدىم.

دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن، كەسپىي سەۋىيەمنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مەن يەنە بىر قېتىم دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام تالانت ئىختىساسلىقلار پىلانىغا قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلدىم ھەم نەنجىڭ داشۆ تارىخ شۆبىسىدە ئىككى يىل ئالىي زىيارەتچى مۇتەخەسسىس بولۇپ ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن نەنجىڭ داشۆدە دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشقا باشلىدىم ھەم تارىخ ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم.

مەن ئۇلۇغ دەۋرنىڭ گۇۋاھچىسى، دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگۈچى، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش سىياستىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى. مېنىڭ چەت ـ ياقا جايىدىن چىقىپ، نوپۇسى ئەڭ ئاز شەھەر ـ بازاردىن چىقىپ زامانىۋى ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلىپ، تارىخ ئىلمى دوكتورىغا ئايلىنالىشىم دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئائىت تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ پايدىسىدىن بولغان، شۇنداقلا دەل پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى بولغاچقا، مەن قەدەممۇقەدەم ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمغا چىقتىم. دۆلەت ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنى پىلانلىق تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى، دۆلەتنىڭ مىللەت سىياستى ماڭا ئوخشاش مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر قېرىنداشنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ مۇساپىسىگە ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم، تۈرلۈك جەمئىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ كۆتۈۋالغان گۈزەل بۈگۈنىگە گۇۋاھ بولدۇم.

ھازىر، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد سىجىل راۋاجلىنىپ، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىندى، مانا بۇ كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلغانلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى، بۇ پاكىت پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

پومپېئونىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نۇرغۇن بىمەنە سەپسەتىلەرنى تارقىتىشتىكى غەرىزى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش، خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرنى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت. بۇ تامامەن چوتنى خاتا سوققانلىق، ھېساباتنى خاتا قىلغانلىق. ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلگىرىلەش مۇساپىسىنى توسۇپ قالالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، ئىناق، ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە كاشىلا قىلالمايدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ.

ھەقىقىي كەچۈرمىشىم ئارقىلىق پومپېئودىن ئۈچ سوئال سوراپ باقاي

□ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمقىدىكى 6 ـ دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى ئامىنە ئىمىن

بىز ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە كونا يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىپ، گۈزەل تۇرمۇش پەيزىنى سۈرۈۋاتقان پەيتتە، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئونىڭ بىر قاتار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا ئاساسسىز ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە قەستەن قارا چاپلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدۇق! بىر يەرلىك شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يالغانچىلىقتا ئۇچىغا چىققان تەلۋىنىڭ مېنىڭ قىزغىن سۆيىدىغان يۇرتۇمغا خالىغانچە تۆھمەت قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمەن، مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق ھەقىقىي شىنجاڭنى ئېيىنەن تەسۋىرلەپ، پومپېئودىن ئىبارەت بۇ ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان نومۇسسىز ئۇنسۇرنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىر شاپىلاق سالىمەن!

مەن گۈزەل ئالتايدا تۇغۇلغان، دادام كان ئىشچىسى، ئانام ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئائىلىمىزدە ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل تۆت پەرزەنت بار. بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىر چوڭ قورۇدا تۇراتتۇق، ئەتراپىمىزدىكى دوستلار ھەر مىللەتتىن ئىدى. كىچىك چېغىمىزدا ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ خىزمىتى ئالدىراش ئىدى، تەڭ دېمەتلىك باللار ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيتتۇق، كۆپچىلىك ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردەك يېقىن ئۆتەتتۇق. مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولۇمدا يەنە ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ياردىمى بار. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا فىزىكا ئوقۇتقۇچىم بىلەن خىمىيە ئوقۇتقۇچىمنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىپ ماڭا ھەقسىز دەرس تولۇقلاپ بەرگەنلىكى ئېسىمدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا سىنىپ مەسئۇلىمىز ماڭا ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ناھايىتى غەمخورلۇق قىلاتتى. ھەر قېتىملىق بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، سىنىپ مەسئۇلىمىز ئۆيىدە جۇۋاۋا تۈگۈپ بىزدەك مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان باللارنىڭ تامىقىنى ياخشىلايتتى. پومپېئو سەندىن سوراپ باقاي، مانا بۇ، سېنىڭ ئېغىزىڭدىكى «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش»مۇ؟

1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مەن شىنجاڭ تېببىي داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. ھالبۇكى، دەل 1 ـ ئوقۇش مەۋسۇمىدە، ئانام بىلەن دادام ئارقا ـ ئارقىدىن كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككى ئاچام بىلەن ئاكامنىڭ يۈكنى ئېغىرلىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، مەن ئوقۇشتىن چېكىنىشنى قارار قىلدىم. دەل شۇ چاغدا، سىنىپ مەسئۇلىمىز بىلەن بىر ساۋاقدىشىم ۋەكىل بولۇپ ئۆيىمىزگە كېلىپ، سىنىپىمىزدىكى 39 ساۋاقدىشىم يازغان خەتنى ماڭا بېرىپ، قەددىمنى قايتا رۇسلىشىمغا ئىلھاملاندۇردى. سىنىپ مەسئۇلىمىزمۇ مەكتەپنىڭ ماڭا ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى، شۇنداق قىلىپ ئوقۇشۇمنى تاماملىيالىدىم. پومپېئو سەندىن يەنە سوراپ باقاي، مانا بۇ، سېنىڭ ئېغىزىڭدىكى ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش»مۇ؟

2017 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە مەن شىنجاڭ تېببىي داشۆسىدە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، نامرات رايونلاردىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا گۇۋاھ بولدۇم. خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا بازىرىدا يەر ئاز، ئادەم كۆپ ئىدى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى پۈتۈن مەكتەپ دائىرىسىدە 1000غا يېقىن ئىش ئورنى ئاجراتتى، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم كەنت ئاھالىسى شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسىگە ئايلاندى، مەكتەپ يەنە ئۇلارنى ھەقسىز ياتاق بىلەن تەمىنلىدى ھەم ئەر ـ خوتۇن ئىشچىلارنىڭ ئىش ئورنى ۋە تۇرالغۇ ھەمدە پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. مەكتەپ 1 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ چىقىرىپ، ئاشپەزلىك ماھارىتى بويىچە ھەقسىز تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى، تەربىيەلەنگەندىن كېيىن كەنت ئاھالىلىرى مەكتەپ ئاشخانىسىدا ئىشلەشنى ياكى يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەشنى تاللىسا بولىدۇ. ئۈچ يىلغا يېقىن تىرىشىش ئارقىلىق، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا بازىرىدىكى سەككىز كەنت نامراتلىقتىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلدى. پومپېئو سەندىن يەنە شۇنى سوراپ باقاي، مانا بۇ، سېنىڭ ئېغىزىڭدىكى «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»مۇ؟

مېنىڭ ئۆز كەچۈرمىشىم پەقەت تۈرلۈك ـ تۈمەن شىنجاڭ ھېكايىلىرىنىڭ بىرى، مانا بۇ شىنجاڭ! مەن بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ مېنىڭكىگە ئوخشاش قەلب ساداسى بارلىقىغا ئىشىنىمەن، ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ھالبۇكى، پومپېئونىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى مۇقەررەر تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ!

يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئاخىرقى ھېسابتا پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ

□ خوتەن ناھىيەسى ئىسلام ئاۋات يېزىسى قۇمئېغىل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەتبۇئە ئابدۇقارى

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا ئاساسسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە قەستەن قارا چاپلىدى، بۇنىڭغا مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن. مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق كۆپچىلىككە شۇنى ئېيتىمەنكى، ئۇ قارىغۇلارچە يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى توقۇۋاتىدۇ.

مەن مەتبۇئە ئابدۇقارى، بۇ يىل 35 ياشقا كىردىم، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئىسلام ئاۋات يېزىسى قۇمئېغىل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى. كىچىك ۋاقتىمدا مەن تىككۈچىلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى ياخشى كۆرەتتىم، چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەر كۈنى ئۆزۈم لايىھەلىگەن چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشنى ئويلايتتىم. بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەن دائىم ئۆيدىكىلەر كىيگەن كونا كىيىملەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان پاسوندا تىكەتتىم، يەنە دائىم ئۆيدىكىلەرگە كۆرسىتىپ زوقلاندۇراتتىم.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، خوتەن شەھىرىدىكى بىر تىككۈچىلىك دۇكىنىدا تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم. 2004 ـ يىلى، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، ئىسلام ئاۋات يېزىسىنىڭ بازىرىدا بىر كىچىك تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچتىم. دەسلەپتە سودام ئانچە ياخشى بولمىدى، كېيىن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق، مېنىڭ تىككۈچىلىك تېخنىكام زور دەرىجىدە ئۆستى، كىيىملەرنى بارغانسېرى ياخشى تىكىدىغان بولدۇم، دۇكىنىمغا كېلىپ كىيىم تىككۈزىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپەيدى. بۇ يىللاردا، مەن تىككۈچىلىك دۇكىنى تىجارىتىگە تايىنىپ ئازراق پۇل تېپىپ، كىيىم ـ كېچەك شىركىتى قۇرۇشنى ئويلىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىرىمنى كەنت كادىرلىرىغا ئېيتقىنىمدا ئۇلار ناھايىتى قوللىدى، كەنت كوللېكتىپ يېرىنى مېنىڭ شىركەت قۇرۇشقا ئىشلىتىشىم ئۈچۈن تۆۋەن باھادا ئىجارىگە بەردى. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە، 2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 350 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، لايىھەلەش، تەربىيەلەش، تىكىش بىر گەۋدىلەشكەن كىيىم ـ كېچەك شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتىم. بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان، مەن يەنە كەنتتىكى بىر قىسىم ئاچا ـ سىڭىللارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى قولمۇقول ئۆگەتتىم، ھازىر شىركەتتە 15 ئايال مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئايلىق مائاشى 3000 يۈەن ئەتراپىدا. 2019 ـ يىلى، ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، مەن بېيجىڭغا بېرىپ كارخانا باشقۇرۇش بويىچە تەربىيەلەشكە قاتناشتىم، شىركەت باشقۇرۇش جەھەتتە مەندىمۇ يېڭى تونۇش پەيدا بولدى. ھازىر مېنىڭ شىركىتىم ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىۋاتىدۇ، مەنمۇ كەنتتىكى بېيىش باشلامچىسىغا ئايلاندىم، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ئائىلىمىزگە يەنە پىكاپ سېتىۋالدۇق، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن.

شىركەت كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئائىلە مۇلازىمىتى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا تىزىملاتتىم، ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئائىلە مۇلازىمىتى تۈرىنى شىركەتنىڭ تىجارەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئائىلە مۇلازىمىتى بويىچە تەربىيەلەش ۋە ئائىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشنى قانات يايدۇرۇشنى پىلانلاۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە ناھىيەلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن مەكتەپ ـ كارخانا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالىدىم، شىركىتىمنى كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش، تەربىيەلەش، تىكىش ۋە ئائىلە مۇلازىمىتى بىر گەۋدىلەشكەن كارخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، شىركەتنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئايالنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيمەن.

يالغان ـ ياۋىداق سۆز ئاخىرقى ھېسابتا پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ، يالغان سۆزلەشكە ئامراق پومپېئوغا شۇنداق نەسىھەت قىلىپ قويايكى، قالايمىقان جۆيلۈيدىغان سېسىق ئاغزىڭنى يۇم!

ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش قانداقمۇ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بولسۇن

□ خوتەن ناھىيەسى ئىقتىساد يېڭى رايونى شاتىيەن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى رازىيە جېلىل

مەن رازىيە جېلىل، بۇ يىل 21 ياشقا كىردىم، ئائىلىمىزدە يەتتە جان بار. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولمىغاچقا، دادامنىڭ بېسىمى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. دادامغا ئىچىم ئاغرىپ، ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يۈكنى تەڭ كۆتۈرۈشۈپ بېرىشنى ئويلايتتىم. بىللە چوڭ بولغان، ئىچكىرى رايوندا ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان بىر دوستۇم ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەندى، ئۇنىڭ خۇشاللىق بىلەن ئىچكىرى رايوندىكى ئىشلەمچىلىك تۇرمۇشى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، بەك ھەۋەس قىلدىم. مېنىڭمۇ ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ ئىشلىگۈم كەلدى، شۇنداق بولغاندا ھەم تېخنىكا ئۆگىنەلەيتتىم، ھەم نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتەلەيتتىم. ئائىلەمدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەن شەندۇڭدىكى بىر شىركەتكە خىزمەتكە قوبۇل قىلىندىم، ئايلىق مائاشىم 4500 يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

زاۋۇتقا يېڭى كىرگەندە، ئۇستام ماڭا قولمۇقول تېخنىكا ئۆگەتتى. شىركەت بىزگە ئوخشاش چېگرا رايوندىن كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلدى، بىزنىڭ ياتاقلىرىمىز ئازادە، راھەت، سۇ ئىسسىتقۇ، ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىقلار بار. شىركەت يەنە بىزنى كۇتۇپخانا، بىلىيارتخانا قاتارلىق مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بىلەن تەمىنلىدى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئارغامچا تارتىشىش، نۇتۇق سۆزلەش، شىنجاڭ ئۇسسۇلى ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى، ھەر قېتىملىق ھېيت ـ بايراملاردا چاي سۆھبىتى، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى تەشكىللىدى، يەنە بىزنى ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتكە ئېلىپ باردى. مەن ھەر ئايدا ئاتا ـ ئانامغا پۇل ئەۋەتىمەن، بىزنىڭ پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

پومپېئو، سەندىن سوراپ باقاي، بىز سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ئۆزىمىز ۋە ئائىلىمىزدىكىلەر ئۈچۈن پۇل تاپتۇق، بۇنىڭغا مەجبۇرلاش كېتەمدۇ؟ مەن ئۆزۈم ئۈچۈن، ئائىلەمدىكىلەر ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتىم، بۇنى «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» دېگىلى بولامدۇ؟

جۇڭگودىكى كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىمىز قانۇن تەرىپىدىن قوغدالدى. قەيەرگە بېرىش، قانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارزۇيىمىز بويىچە بولىدۇ. پومپېئوغا شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، پاكىت ئالدىدا، سەن ئەمدى يەنە پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، تۆھمەت چاپلىما، بۇ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كاچاتلىغىنىڭ!